شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 8 ـ ئاي
10
شەنبە
维吾尔文 8月10日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24783 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

ئومۇمىي خەلق ساغلام بولۇش، گۈزەل تۇرمۇشقا قەدەم قويۇش

—— باش شۇجى شى جىنپىڭ غەم يېگەن خەلق تۇرمۇشى ئىشلىرى «ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان بولۇش» قىسمى

☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى**

【مۇقەددىمە】

«ئومۇمىي خەلق ساغلام بولمىسا، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بولمايدۇ» —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ساغلام جۇڭگو قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى بۇ مۇھىم بايانى پۈتۈن جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى.

خەلق تۇرمۇشىدىكى ئىنتىلىشكە ئىنكاس قايتۇرۇلۇپ، دەۋرنىڭ تومۇر سوقۇشى تۇتۇلدى. «‹ساغلام جۇڭگو 2030› يىرىك پىلان پىروگراممىسى»نى بېسىپ تارقىتىشتىن «ساغلام جۇڭگو ھەرىكىتى (2019 ـ يىلدىن 2030 ـ يىلغىچە)»نى ئېلان قىلىشقىچە، (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايون قۇربان ھېيتلىق چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزدى

چېن چۇەنگو سۆز قىلدى، ئەركىن ئىمىرباقى، ئىسمايىل تىلىۋالدى، ئابلەت ئابدۇرېشىت تەكلىپكە بىنائەن قاتناشتى، شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون 2019 ـ يىللىق قۇربان ھېيتلىق چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. سۈرەتتە: ئارتىسلار «ئېگىزلىككە مەدھىيە» ناملىق ناخشا ـ ئۇسسۇلنى ئورۇنلىماقتا. ☐ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: قۇربان ھېيت يېتىپ كېلىش ئالدىدا، 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايون 2019 ـ يىللىق قۇربان ھېيتلىق چاي سۆھبىتى ئۆتكۈزدى، ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ، بايرامنى بىرلىكتە تەبرىكلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتكومىنىڭ 1 ـ شۇجىسى، 1 ـ جېڭۋېيى چېن چۇەنگو سۆز قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئاممىنىڭ بايرىمىنى تەبرىكلىدى ۋە ئۇلارغا گۈزەل تىلەكلەرنى تىلىدى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى قوللىغان بارلىق ھەر ساھە زاتلارغا چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتتى ۋە سەممىي بەخت تىلىدى.

ئالتۇن كۈز بىلەن تەڭ كەلگەن بايرامدا، پارتىيەنىڭ شەپقىتى مەدھىيەلەندى. شىنجاڭ ئالىي مېھمانسارىيىنىڭ يىغىن مەركىزىدە گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان، چاينىڭ خۇش پۇرىقى ھەر تەرەپكە تارالغان، ئىنتىپاقلىق رىشتى چىڭ باغلانغان بولۇپ، ھەممىلا جاي قويۇق بايرام كەيپىياتىغا تولغانىدى. چاي سۆھبىتىدىن ئىلگىرى، چېن چۇەنگو قاتارلىقلار ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى بىلەن سەممىي قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ئەھۋال سوراشتى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى ئەركىن ئىمىرباقى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى ئىسمايىل تىلىۋالدى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت تەكلىپكە بىنائەن چاي سۆھبىتىگە قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر چاي سۆھبىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن، پېڭ جيارۈي قاتارلىقلار چاي سۆھبىتىگە قاتناشتى.

چېن چۇەنگو سۆزىدە مۇنداق دېدى: بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا شىنجاڭنىڭ تىنچ ئازاد بولغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. 70 يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش: تۇرمۇشنى بارغانسېرى گۈزەل قىلدى

☐ **مۇخبىرىمىز لى جۈنشيا پىراكتىكانت فەن يۈيى**

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تەرەققىيات، مۇقىملىق چوڭ ۋەزىيىتى ۋە ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىسىنى تۇتۇپ، نۇقتىلىق ھەل قىلىدىغان مەسىلىلەر تىزىملىكىگە كىرگۈزۈپ، تۈگۈنىنى توغرا تېپىپ، ئەمەلىي تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى تىرىشىپ ھەل قىلدى.

■ يولنى توغرا تېپىش ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يېڭى بوشلۇقنى كېڭەيتىش

«بىز ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى بىلەن راھكا كېلىشىمى ئىمزالاپ، جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى 200 نەچچە ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى پىلانلىدۇق.» دېدى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى شىنجاڭ شۇنفېڭ تېز يەتكۈزۈش چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى تيەن مىڭ.

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا بېرىپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ئادەم ئىشلىتىدىغان كارخانىلار، ئاساسىي قاتلامدىكى يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، كۆپ يوللار ئارقىلىق يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتتى. ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپى، (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر

تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرىسىدا زىيارەت

ئۈرۈمچى ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپ تۈرىدىن 114 تۈرنى ئەمەلىيلەشتۈردى

مۇخبىرىمىز **جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سائەت 12دە، شىنجاڭ فۇكې نېفىت مەھسۇلاتلىرى پايچەكلىك شىركىتىنىڭ سىلىقلاش ماتېرىياللىرى تېخنىكىسى تەتقىق قىلىپ ئېچىش مەركىزىي تەجرىبىخانىسىدا، خىزمەتچى خادىملار گرافىت ئالكېننىڭ سىلىقلاش مېيى جەھەتتە ئىشلىتىلىشىگە ئالاقىدار تەجرىبىنى ئىشلەش بىلەن ئالدىراش ئىدى. نېفىت مەھسۇلاتلىرىغا تايىنىپ سىلىقلاش مېيىنى پىششىقلايدىغان بۇ كىچىك زاۋۇت پەن ـ تېخنىكىدا ئۆزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق، بۈگۈنكى كۈندە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تېپىنى ئۆزگەرتىپ 55 تۈرلۈك دۆلەت پاتېنتىغا ئىگە، دۆلەت ئىچىدە كېرەكسىز مايدىن قايتا ھاسىل قىلىش تېخنىكىسى ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق كارخانىغا ئايلاندى. (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئالىم پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى سۇندى

☐ **مۇخبىرلىرىمىز گاۋ ۋا، شېي خۇيبىيەن**

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى پەيزاۋات ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسى ئامانلىق ساقلاش ئەترەت باشلىقى ئالىم ئەمەت نۆۋەت بىلەن دەم ئالىدىغان كۈن، ئەتىگەنلىك ئىسمېنىدىن چۈشۈپ، ئۇ ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىرىماستىن، بەلكى نۆۋەتچىلىك ئىشخانىسىغا قايتىپ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. «ياخشىمۇسىز، ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى يولىدا ئاپتوموبىل توختىتىشقا بولمايدۇ!» بۇ كىچىككىنە نۆۋەتچىلىك ئىشخانىسى ئۇنىڭ خىزمەت قىلىدىغان جايى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۆگىنىش قىلىدىغان كىچىك ماكانىغا ئايلاندى.

«ھازىر مەن كىشىلىك تۇرمۇش نىشانىمنى تاپتىم، بەدىنىمدە تۈگىمەس كۈچ بار.» ئالىمنىڭ ئېيتىشىچە، پەيزاۋات ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدىكى ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇ تىرىشىش يۆنىلىشىنى تېپىپ، تۇرمۇشنى ناھايىتى مەنىلىك ئۆتكۈزگەن.

■ «ئاشۇ كۈنلەردە مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ‹جەننەتكە كىرىش›نىلا ئويلايتتىم»

شۇ كۈنلۈك ئۆگىنىش پىلانىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئالىم يەنە ئاپتوموبىل توختىتىش مەيدانى، ئامبۇلاتورىيە زالىغا بېرىپ چارلاپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى قۇربان ھېيتتىن ئىلگىرى پېشقەدەم رەھبەرلەر، پېشقەدەم يولداشلارنى يوقلىدى

ئۆز خەۋىرىمىز قۇربان ھېيت يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن چېن چۇەنگو، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن قاتارلىقلار مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى ئىسمايىل تىلىۋالدى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت ۋە ھامىدىن نىياز، ئابدۇرېھىم ھامىد، نەيىم ياسىن، بادەي، جانابىل ئىسماغۇل، ئەسقەت كەرىمباي، جاڭ سىشۆ، قېيۇم باۋۇدۇن، جاڭ شيۇملىڭ، فۇ چياڭ، شېي فۇپىڭ، ماھنۇر قاسىم، تۆربايىر، ئامىنە غاپپار، يۈسۈپ مۇھەممىدى، خوجخان ھاكىموف، قادىس جانابىل، خەلچەم ئىسلام، مىجىت ناسىر، لى فىغزى، جاڭ خېڭ، ما جيەنگو، ۋاڭ خۇەيىۋ، دەللىقان مامىقان، مەمتىمىن زاكىر، ئاسانبېك تۇردى، دۇ چىنرۇي، جاڭ گولياڭ، ئالىپسباي راقىم، مەمتىمىن ياسىن، چۆجۆپ، جاپپار ھەببۇللا، تىلىۋالدى ئابدۇرېشىت، چيەن جى، ھۆرىگۈل جاپپار، نىجات سۇلتان، ئىنام نەسرىدىن، جاڭ يى، دىيار قۇماش، فېڭ داجېن، ۋېن كېشياۋ، ۋۇ جياخې، ۋاڭ يوۋسەن، يۈسۈپ ئەيسا، شېي جېچياڭ، لى دۇڭخۇي، غوپۇر ئابدۇللا، جاڭ گۈيتىڭ، جاڭ يۇجۇڭ، پاشا ئىشان، ۋۇ دۇنفۇ، شيۇڭ خۇيىن، ياۋ يۈڭفېڭ، جياڭ شەن، سىرجە، جۇ جىنجۇڭ، خۇاڭ چاڭيۈەن، شارىپقان كەرىم، مەمەتجان ئەمەت، ۋاڭ ۋېي، ليۇ ياۋخۇا، قىزايجان سېيىلقوجا، كې لى، مەمەتھەسەن توختالى، ئايۇپ تېيىپ، بەي جېجيې، ماۋكەن سېيتقامزا، ليۇ يەنلياڭ، رىزۋان ئەبەي، لى شياڭلىن، ليۇ جيۇڭ، يۈ شيۇدۇڭ، كادىرقان مىراسقان، ئابدۇلېتىپ ئابدۇرېھىم، قۇربان روزى، روزى ئىسمايىل، مەمەت يۈسۈپ، قاسىم ماموت، نىشان ئىبراھىم، چېن جىنچى، جاۋ شياڭخۇا، ۋاڭ جۈبىن، لى گۈيماۋ، ياڭ جاۋجى، يەن فېنشىن، گو ليەنشەن، جاڭ جىشۈن، مەمەتروزى سەپەر، جاڭ گۇاڭخەن، دۇ خۇڭجيەن قاتارلىق پېشقەدەم يولداشلارنى ئايرىم ـ ئايرىم يوقلىدى ياكى ئالاقىدار تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلارغا يوقلاشنى ھاۋالە قىلدى، پېشقەدەم يولداشلارغا بايراملىق سەممىي سالام يوللىدى، (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسى باش تېما تەربىيەسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ھەقىقىي تۈردە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان جانلىق ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك

مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتگۇرۇپپىسى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلىك بەنزىسى باش تېما تەربىيەسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇردى

مەسىلە تېپىپ، تۈزىتىشنى تۇتۇپ

يېڭى دەۋردىكى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلىك بەنزىسى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى تەكشۈرۈپ (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى

ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرى ئارقىلىق سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ سۈپىتى ـ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتگۇرۇپپىسى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

بىڭتۇەن پارتكومى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلدى

ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، باتۇرلۇق بىلەن ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىپ، بىڭتۇەننىڭ باش تېما تەربىيەسىدە پۇختا، ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز **شىن يۈەنگېڭ، جاڭ لېي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، بىڭتۇەن پارتكومى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 15 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە، (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)